# دۇئادىن كېيىن ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىلاش توغرىسىدا

[ الأويغورية ـ ئۇيغۇرچە ـ uyghur ]

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2014 - 1435

IslamHouse.com

# مسح الوجه باليدين بعد الدعاء

« باللغة الأويغورية »


اللجنة الدائمة للبحوث العلمية والإفتاء والدعوة والإرشاد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني



2014 - 1435

IslamHouse.com

# دۇئادىن كېيىن ئالقىنى بىلەن يۈزنى سىلاش توغرىسىدا

112004-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئەگەر بىر كىشى ئاللاھقا دۇئا قىلسا، دۇئادىن كېيىن يۈزىنى سىلامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر.

بەندىنىڭ، پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سورىشى شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان بەلكى تەرغىب قىلىنغان ئىبادەتتۇر. ئاللاھقا يىلىنىپ-يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرۈش ھەم يولغا قويۇلغاندۇر. ئەمما دۇئادىن كېيىن ئىككى قولى بىلەن يۈزنى سىلاش توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەر زەئىپ ھەدىسلەردۇر.

مۇھەممەد ئىبنى كەئەب ئەلقۇرەزي، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەن ئاللاھقا دۇئا قىلغان ۋاقتىڭدا ئالقانلىرىڭنىڭ ئارقا تەرەپلىرى بىلەن ئەمەس، ئالدى تەرەپلىرى بىلەن دۇئا قىلغىن، دۇئادىن پارىغ بولغان ۋاقتىڭدا ئالقىنىڭ بىلەن يۈزۈڭنى سىلىغىن». [بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىنىڭ ئىچىدىكى سالىھ ئىبنى ھەسسان دېگەن كىشى ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئۆلچىمىگە توشمىغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئىبنى مۇئەيىن، ئەبۇ ھاتەم ۋە دارى قۇتنى قاتارلىق

ئالىملار زەئىپ ھەدىس دەپ قارىغان. ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى ئىنكار قىلىنغان ھەدىس دىدى. ئەبۇ نۇئەيم ئەل ئەسبەھانى بۇ ھەدىس ئىنكار قىلىنىدىغان ۋە ئەمەل قىلىنمايدىغان ھەدىس دىدى. ئىبنى ھەببان بۇ كىشىنىڭ زەئىپ ھەدىسلەرنى بايان قىلىدىغانلىقىنى زىكىر قىلىدۇ. ئىبنى جەۋزى بۇ ھەدىس توغرىسىدا، مەزكۇر ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىنىڭ ئارىسىدا سالىھ ئىبنى ھەسساننىڭ بولىشى سەۋەبلىك بۇ ھەدىس ساغلام ئەمەس دەپ قارايدۇ].

تىرمىزي ئۆزىنىڭ "سۇنەن" ناملىق ئەسىرىدە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ۋاقتىدا، ئۇ ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىلىمىغۇچە قولىنى چۈشۈرمەيتتى». ئەبۇ ئىسا بۇ ھەدىس توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىشەنچىلىك راۋىيلار ئىچىدە، ھاماد ئىبنى ئىسادەك بايان قىلغان ھەدىسلىرىنى ئىلىشقا بولمايدىغان كىشىلەرمۇ مەۋجۇد. شۇنداقلا بۇ ھەدىسنى يالغۇز تىرمىزىلا رىۋايەت قىلغان".

دۇئا قىلىش شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان ئىبادەت بولۇپ، دۇئادىن كىيىن ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىلاش توغرىسىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئاغزاكى ياكى ئەمەلي كۆرسەتمىلەر سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن بايان قىلىنمىغان، بەلكى دۇئادىن كىيىن ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىلاش توغرىسىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەر زەئىپ رىۋايەتلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇ مەسىلىدە دۇئادىن كىيىن يۈزنى سىلاش بايان قىلىنمىغان

توغرا ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىپ، دۇئادىن كېيىن يۈزنى سىلاشنى تەرك ئېتىش ئەۋزەلدۇر.

[ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى ئەزالىرىدىن: پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز، پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇررازاق ئەفىفي، پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى قەئۇد].